مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى «پىكىر» بېسىپ تارقاتتى

يېڭى دەۋردىكى پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى «يېڭى دەۋردىكى پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«پىكىر»دە «پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش پارتىيەنىڭ پۇقراۋى ئىگىلىككە بولغان رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم شەكلى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى راۋاجلاندۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيەنىڭ پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش؛ «ئىككىدە قىلچە تەۋرەنمەسلىك»تە چىڭ تۇرۇش؛ يېقىن، پاك ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش؛ ئىشىنىش، ئىتتىپاقلىشىش، مۇلازىمەت قىلىش، يېتەكلەش، مائارىپ فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى زاتلارنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش سىياسىي ئورتاق تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش تەلەپ قىلىندى.

«پىكىر»دە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى زاتلارنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتىن يېتەكلەش ۋە ئىدىيە جەھەتتىن يېتەكلەش سالمىقىنى زورايتىپ، پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى زاتلارنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەت ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، سىياسىي ئورتاق تونۇشنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتە يېتەكلەش سالمىقىنى زورايتىپ، تىرىشىپ «تۆتتە ئۈلگە» بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

«يۇقىرى ساپالىق پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى ۋەكىللىك زاتلار قوشۇنى قۇرۇش» توغرىسىدا «پىكىر»دە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: پارتىيە ئىختىساسلىقلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى زاتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، سايانى ئۆستۈرۈش، قۇرۇلمىنى ئەلالاشتۇرۇش، رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى نىشان قىلىپ، بىر يۇقىرى ساپالىق، مەسئۇلىيەتچان پۇقراۋى ئىگىلىكتىكى ۋەكىللىك زاتلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. خىزمەت دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئادەم تاللاش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئورۇنلاشتۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ياش بىر ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەركەزنى چۆرىدەش، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىدە بولۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر مەزمۇن، خىزمەت نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە تۈرتكە بولۇپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەسىگە قاتنىشىشقا ئىلھام بېرىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئاتلىنىشنى قوللاپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: يېقىن، پاك ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. بىرلىك سەپكە تايىنىپ ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنىڭ ئالاقىلىشىشى، ماسلىشىشىنى قانات يايدۇرۇش يېقىن، پاك ھۆكۈمەت ـ سودىگەرلەر مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق تەدبىر. ئالاقىلىشىش، ماسلىشىش مەزمۇنىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئالاقىلىشىش، ماسلىشىش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ۋە پۇقراۋى كارخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ دەۋا تەلىپىنى ئىنكاس قىلىش ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

«پىكىر»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىدىكى مۇھىم تەشكىلىي تايانچ. سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگوچە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرىنى ئۈنۈملۈك قاپلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، پۇقراۋى كارخانىچىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلىرىنى قېلىپلىشىشقا، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك.

«پارتىيەنىڭ پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش» توغرىسىدا، «پىكىر»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى پۈتۈن پارتىيەنىڭ مۇھىم خىزمىتى. پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە قويۇپ، پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى تەرەپلەردە ھەم ئىش تەقسىماتى ئېنىق بولغان، ھەم يۇقىرى ئۈنۈملۈك ماسلاشقان پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، رەھبەرلىك تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەشكىلىي كاپالەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پۇقراۋى ئىگىلىك بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

سكانېرلاپ «پىكىر»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بىلىۋېلىڭ

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى نامرات ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى شۇجىلىرى خىزمەت قەرەللىك يىغىنى ئاچتى

ئىشنى ياخشى باشلاپ، ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جېيۈن**، ئىختىيارىي مۇخبىر **گو شياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى نامرات ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى شۇجىلىرى خىزمەت قەرەللىك يىغىنى ئېچىپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچىدا ئىنتىزام نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، ئىشنى ياخشى باشلاپ، ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى ياخشى تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش كۈچەپ ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا كىردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ھازىرقى ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، داۋاملىق تۈردە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دەل جايىدا نازارەتچىلىك قىلىشنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى، ئىستىمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەشنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدىكى شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى قەتئىي تۈزەش كېرەك. نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ زاپاس كۈچىنى ياخشى ساقلاپ، نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىنمۇ «تۆتنى تاشلىماسلىق» ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈچلۈك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كاپالىتى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، مائارىپ نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە ئالتە نامرات ناھىيە، شەھەرنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى: چوڭ جەڭ، چوڭ سىناق ئالدىدا، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بېسىم سىنىقىغا بەرداشلىق بەردى، پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات بولۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق پولات ئىستىھكام قۇرۇپ چىقتى، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش كۈچلۈك قورالغا ئايلاندى، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى، قانۇنچىللىق شەكلى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى، بىزنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىمىز، تەشكىلىي ئەۋزەللىكىمىز، ئامما ئەۋزەللىكىمىز قۇدرەتلىك ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ـ ئىقتىدارىغا ئايلاندى.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: كۈرمىڭ جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەردىن قورقۇش نە ھاجەت، ھەققىي ئالتۇن چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا تاۋلىنىدۇ. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، بىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئىستىقبالىنىڭ پارلاق، كېلەچىكىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمىز؛ بىز شۇنىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇقكى، ئالغا ئىلگىرىلەش يولى تۈپتۈز ئەمەس، ھەتتا چاتقال ـ تىكەنلەر بىلەن تولغان، يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، مەۋقەنى «جۇڭگو تۈزۈمى»گە قويۇپ، «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نى ئاچساق، چوقۇم يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز، چوقۇم گۈللىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، دۇنياغا بەخت يارىتىدىغان ماددىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىك، تۈزۈم مەدەنىيلىكىنى يارىتالايمىز. بىز تارىخقا پۈتۈلىدۇق، بىز جەزمەن يېڭى تارىخ پۈتىمىز!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەرەققىياتنىڭ يېڭى كەسپ ھالىتىنى يېتىلدۈرۈپ، دۆلەتنىڭ سىياسەتنى تەڭشەشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى سودا ئۇنۋېرسال مۇلازىمەت كارخانىلىرىنى قوللاش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تاشقى سودا ئۇنۋېرسال مۇلازىمەت كارخانىلىرىنىڭ كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش؛ سودا مىنىستىرلىقىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا ئىشلىتىلگەن ئاپتوموبىل ئېكسپورتىنى قانات يايدۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش سىياسىتى جەھەتتىن مەدەت بېرىشىنى پائال قولغا كەلتۈرۈش؛ تاموژنىنىڭ ئالاھىدە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال قوللاپ، «ئادەتتىكى باج تاپشۇرغۇچىلار»نى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئۇنۋېرسال باجدىن خالىي رايوندا ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىش؛ ئالاتاۋ پورتى ئۇنۋېرسال باجدىن خالىي رايونىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئەسلىھەلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، رايوننىڭ تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈنۈم ـ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش؛ پەن ـ تېخنىكىنىڭ تىرەك بولۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قەشقەر ئۇنۋېرسال باجدىن خالىي رايونىنىڭ مال كىرگۈزۈش ـ چىقىرىش، ئەشيا ئوبوروتى يولىنىڭ راۋان بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئەشيا ئوبوروتى كەسپ زەنجىرىنىڭ ئۇل قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلقئارا سودا ئەشيا ئوبوروتى بازىسى بەرپا قىلىش كېرەك.

تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە خادىملارنىڭ بېرىش ـ كېلىشىنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىمپورت ـ ئېكسپورتنى پائال كېڭەيتىپ، تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ، پىششىقلاش سودىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ چېگرا سودىسىدا يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشنى تېزلىتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون چېگرا ئاھالىلىرى ئۆتۈشمە بازىرى سودىسىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش؛ كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارماقلىرى ئارىسىدىكى ئىستىمال بۇيۇملىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى لاياقەتسىز بولۇش ئەھۋالىدىن ئالدىن سىگنال بېرىش، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش ۋە تەكشۈرۈش، ئىنكاس قايتۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇش؛ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشىنى ياندىشىپ قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش؛ مەخسۇس مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش؛ AEO (ئېتىراپ قىلىنغان تىجارەتچىلەر)نىڭ ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشىنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ «سىرتقا چىقىش»ى ئۈچۈن ياخشى خەلقئارا ئىناۋەت ئاساسى سېلىش كېرەك.

تاشقى مەبلەغ تۈرلىرىنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق تاشقى مەبلەغ تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تاشقى مەبلەغنى نەقلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش؛ نۇقتىلىق تاشقى مەبلەغ تۈرلىرىگە ئىز قوغلاپ مۇلازىمەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، يەر ئىشلىتىش، ئېنېرگىيە ئىشلىتىش، مەبلەغ، بىلىم ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىكى كاپالەت مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەش؛ مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى تونۇشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش؛ چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش قانۇنى ھەم يانداش نىزاملارنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇش؛ دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىنىڭ مەبلەغ جەلپ قىلىش سۇپىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە سودىگەر چاقىرىش خىزمىتى بويىچە رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرى چىقىرىشقا ئىلھام بېرىش؛ چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، بىخەتەر سودا مۇھىتى يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەر تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىنى تۈرلۈك سىياسەتلەردىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىشقا يېتەكلەپ، تەرەققىيات جەريانىدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى پائال ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شەھەر ـ يېزا مەھەللىلىرىنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، داۋالاش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم يۇقىرى سەۋىيەلىك ئاممىۋى سەھىيە شۆيۈەنلىرىنى قۇرۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. دەسلەپكى مەزگىلدە كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشنى ئاممىۋى سەھىيە سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتىكى ھازىرقى جىددىي ئىش قىلىپ، يۇقۇملۇق كېسەل يۇقۇمى ۋە تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەجرىبىخانىدا تەكشۈرۈپ ئۆلچەش تور قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى سەھىيە ئاپپاراتلىرى ۋە داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ماسلىشىپ كۆزىتىپ ئۆلچەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھە سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام سەھىيە خادىملىرىنىڭ بىلىم زاپىسى ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەش، مەشىقلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بىلىملىرى تەشۋىقات ـ تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قەرەللىك تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىش قاتارلىق سەھىيە ـ ساغلاملىق خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىشى كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئېغىر، زور يۇقۇمدىن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىلارنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى ئۆلچىمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش زاپىسى ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. داۋالاش بايلىقىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەلالاشتۇرۇپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ھالىتىدە داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتلىرىنى سەپەرۋەر قىلىش، ئاۋاز قوشۇش، رايونلار بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش، خادىملارنى يۆتكەپ توپلاشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، دەرىجىگە ئايرىلغان، قاتلامغا ئايرىلغان، تارماققا ئايرىلغان يۇقۇملۇق كېسەل قاتارلىق ئېغىر، زور يۇقۇمدىن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، شەھەر ـ يېزا ئۈچ دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش مۇلازىمىتى تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت مېدىتسىنا مەركىزى، رايون تېببىي داۋالاش مەركىزى قاتارلىق بازا قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچەيتىپ، ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەللەرنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق خىزمىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتىپ، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشنىڭ ئومۇميۈزلۈك جەمئىيەت ساغلاملىقىنى باشقۇرۇشقا ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، خەلقنىڭ ساغلاملىققا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاپ، ئاممىۋى سەھىيە مۇھىت ئاساسىي ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىي، ساغلام، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش شەكلىنى تەشەببۇس قىلىپ، ساغلاملىقنى بارلىق سىياسەتلەرگە سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن ھاياتلىق دەۋرىيلىكى بويىچە ساغلاملىق باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى شەھەر يېرىك پىلانى، قۇرۇلۇشى، باشقۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدىكى ھەرقايسى ھالقىلارغا سىڭدۈرۈش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈش، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرى بىلەن غەرب تېبابىتى دورىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىك، شۇنداقلا جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ جەۋھىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى. تەتقىق قىلىپ دەلىللەشنى كۈچەيتىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاشتىكى نەزەرىيەسى ۋە دىياگنوز قويۇپ داۋالاش قانۇنىيىتىنى يەكۈنلەپ، كلاسسىك تېببىي كىتابلارنىڭ جەۋھەرلىرىنى رەتلەش ۋە قېزىشنى كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم پەن تەتقىقاتقا تىرەك بولىدىغان سۇپىلارنى قۇرۇپ، جۇڭيى دورىلىرىنى تەكشۈرۈپ باھالاش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جۇڭيى دورىلىرى بويىچە يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە كەسىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى ئالاھىدە ئىختىساسلىقلىرى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىگەرلىكى خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرى بىلەن غەرب تېبابىتى دورىلىرىنىڭ بىر ـ بىرىنى تولۇقلىشى، ماس تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاممىۋى سەھىيە قانۇن ـ نىزاملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى، تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش قانۇنى قاتارلىق قانۇنلارنى تۈزۈش ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى قاراتمىلىق ھالدا ئالغا سىلجىتىپ، ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەت ئايدىڭلاشتۇرۇلغان، تەرتىپى قېلىپلاشقان، ئىجراسى كۈچلۈك بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قانۇن ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قانۇن ـ نىزاملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ قانۇن بويىچە ھەرىكەت قىلىشى، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تىرەكلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھاياتلىق بىخەتەرلىكى ۋە بىيوبىخەتەرلىك ساھەسىدىكى مۇھىم، زور پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى دۆلەتنىڭ مۇھىم قورالى، چوقۇم ئۆز قولىمىزدا بولۇشى كېرەك. سەھىيە ـ ساغلاملىق ساھەسىگە بولغان پەن ـ تېخنىكا سېلىنمىسىنى زورايتىپ، يىغىنچە پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ يادرولۇق تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش خىراجەت سېلىنمىسىنى سىجىل زورايتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ھاياتلىق ئىلمى، بىيوتېخنىكا، تېببىي دورا ـ سەھىيە، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ساھەلەردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تېزدىن تولۇقلاش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: خەلقئارا سەھىيە بويىچە ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. خەلقئارا مەجبۇرىيەتنى داۋاملىق ئادا قىلىپ، يەر شارىدىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى بويىچە ئەڭ چوڭ تەمىنلىگۈچى دۆلەتلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ئالاقىدار خەلقئارا ئۆلچەم، قائىدە، كۆرسەتمە تۈزۈشكە ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر قاتنىشىپ، جۇڭگو لايىھەسى، جۇڭگو تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىلەندۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ يەر شارىۋى سەھىيە ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى تەسىر كۈچى ۋە سۆز قىلىش ھوقۇقىنى ئۆستۈرۈپ، ئىنسانىيەت سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى بىرلىكتە بەرپا قىلىش كېرەك.